1977
ژىل
فېۋرال
№4 (6)
باھاسى
2 تيىن

ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى — تەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېت ئېلى!

# بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش سوۋېت «ۋەتەن» جەمىيىتى قازاقستان شوبىسىنىڭ گېزىتى.

## ئاق جايىقتىن ئالتايغا قەدەر



شىمالىي قازاقستان ئوبلۇسى. كوسموناۋت بىكوۋسكىي نامىدىكى سوۋخوزنىڭ كومباينچىسى، لېنىن ۋە ئەمگەك قىزىل تۇغى ئوردېنلىرىغا سازاۋەر بولغان مېخانىزاتور لاتىپ قوڭقاروۋنىڭ نامى پۈتكۈل ئوبلۇستا مەلۇم.

سۈرەتتە: خەلىق تەرىپىدىن يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانىغا سايلانغان لاتىپ قوڭقاروۋ يېزا سوۋېتىنىڭ مەجلىسىدە.

بىيىل سوۋېت دولىتىنىڭ مەيدانغا كەلگىنىگە ئاتمىش ژىل تولىدۇ. بۇ شانلىق مەيرەمنى ئېلىمىزدىكى خەلىقلەر بىلەن بىللە، جاھاندىكى بارلىق تەرەققىيپەرۋەر ئىنسانلار، جۈملىدىن چەت ئەللەردىكى بىزنىڭ ھەققانىي دوستلىرىمىز بىلەن ئىزگۈ نىيەتلىك ۋەتەنداشلىرىمىزمۇ نىشانلايدۇ.

ئوكتەبر ئېگى ئاتقىنىغا ئاتمىش ژىل! تارىخىي جەھەتتىن بۇ قىسقىلا ۋاقىت بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئاز ۋاقىت ئىچىدە، جانىجان ۋەتىنىمىز ئېرىشكەن بۈيۈك غالىبىيەتلەر نوقتەئىي نەزەرىدىن ئەسىرلەرگە باراۋەردۇر. ئېۋا دەرياسى قىرغاقلىرىدىن ئاتقان تاڭنىڭ شولىلىرى پايانسىز دىيارىمىزنىڭ ھەر جايلىرىغا تەكشى تارالدى. نەتىجىدە، ئىنسانىيەت تارىخىدا يېڭى زامان باشلاندى. يېڭى ھاكىمىيەت ئەڭ ئاۋال تېچلىق شارىنى مەيدانغا ئاتتى.

بىز قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ مۇۋاپپەقىيەتلىرىمىز خەلىق ئېگىلىگىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يۈكسىلىشىدىن ئىبارەتتۇر. ئوتكەن ژىلى مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي دارامىتى بۈگۈندىن ئاتمىش ژىل ئاۋالقى دەرىجىدىن 65 ھەسسە ئوسكەنلىگىنى ئىجاتكار خەلقىمىز مەغرۇرلۇق بىلەن تىلغا ئالدۇ. ئاتمىش ژىل ئىلگىرى، بىر ژىل ئىچىدە ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلارنى بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ سانائەت كارخانىلىرىمىز بارـ يوقى ئىككى يېرىم كۈندىلا ئىشلەپ چىقىرىدۇ.

پۈتكۈل جاھان سانائەت مەھسۇلاتىنىڭ بەشتىن بىر قىسمى بىزنىڭ ئېلىمىزدە ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ. چويۇن، پولات، نېفت، تومۇر، مارگانېس، خروم مەدەنلىرى جەھەتىدىن، شۇنداقلا كومۇر، تسېمېنت، تراكتور، تېپلوۋوز، پاختا ۋە باشقا ئورغۇنلىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىش جەھەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا كەلمەكتە.

ئېلىمىزدە ئاچارچىلىق بىلەن گادايلىق، ئىشسىزلىق بىلەن ساۋاتسىزلىق، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئېزىلىش بىلەن مىللىي ئېزىلىشلەر مەڭگۈ يوقىتىلدى. تۇرۇشلۇق ئوي مەسىلىسى ئەڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەسىلىدۇر. ھازىرقى ۋاقىتتا بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە. ھەر ژىلى پايدىلىنىشقا بېرىلىۋاتقان تۇرۇشلۇق ئويلەرنىڭ ئومۇمىي مەيدانى كوناروسسىيادىكى تۇرۇشلۇق ئوي فوندىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇقتۇر.

دېخانچىلىق، پەنـ مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھاسىدا ئېرىشكەن مۇۋاپپەقىيەتلىرىمىز ھەر كىمنى شاتلاندۇرىدۇ. لېكىن ئۇتۇقلاردىن باش ئاغرىتاش سوۋېت كىشىلىرىگە خاس ئادەت ئەمەستۇر. بۈيۈك مەيرەمنى ئەمگەك ساھاسىدا يېڭى ئۇتۇقلار بىلەن كۈتۈپ ئېلىش سوۋېت خەلقىنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا بۇ كۈنلەردە پۈتكۈل مەملىكىتىمىزدە، جۈملىدىن ئاق جايىق قىرغاقلىرىدىن تا ئالتايغىچە كەتكەن بىپايان قازاق توپرىقىدىكى كارخانىلاردا، كولخوزـ سوۋخوزلاردا جوشقۇن ئەمگەك سادالىرى ياڭراپ، ئەمگەكچىلەر بۈيۈك مەيرەمگە مۇناسىپ ھەدىيەلەر ھازىرلىماقتا.

گېزىتىمىزنىڭ بىرىنچى سەھىپىسىدىكى خەۋەرلەر ۋە سۈرەتلەر ئەينە شۇ مەيرەم تەرەددۇتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ.



تالدىقورغان ئوبلۇسى. كىروۋ رايونىغا قاراشلىق مۇسابېك بامىدىكى سوۋخوزنىڭ «ژالىن» ناملىق قوي ئوستۇرگۈچى ياشلار بىرىگادىسى ژىلدىن ژىلغا ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشمەكتە.

سۈرەتتە: ياش چارۋىچىلارنىڭ يېتەكچىسى بىغايشا جاباغنوۋا.



ئۇستـ كامېنو گورسك شەھىرىدىكى تىتانـ ماگنىي كومبىناتى رەڭلىك مېتاللۇرگىيە ساھاسى بويىچە يېتەكچى سانائەت ئورۇنلىرىدىن ھېساپلىنىدۇ. ئۇ، بۈنۈگۈندىن ئون بىر ژىل بۇرۇن پايدىلىنىشقا بېرىلگەن بولۇپ، ھازىر ئىشلەپ چىقىرىش مەدەنىيىتى يۈكسەك كارخانا دېگەن نامغا ئېگە بولدى. بۇ ھورمەتكە مېتاللۇرگلار ئوز ئەمگىگىنىڭ مېۋىلىك ھەم سۈپەتلىك بولۇشى، شۇنداقلا ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتلىرىنىڭ ياخشىلىنىشى تۈپەيلى ئېرىشتى.

ئوتكەن بەش ژىللىقتا كومبىنات 17 قېتىم پۈتۈن ئىتتىپاق ۋە جۇمھۇرىيەتلىك مۇكاپاتلارغا سازاۋەر بولدى.

سۈرەتتە: بىرىنچى سېختىكى ئۇستا ئى. سۇلېيمېنوۋ (سول تەرەپتىن ئىككىنچى) رەھبەرلىگىدىكى مېتاللۇرگلار.

گۇرىيېۋ ئوبلۇسى. بۇرغۇلۇغۇچى ئۇستا ناسى سېيىسپىنالىيېۋ رەھبەرلىگىدىكى نېفت ئىزدەش گرۇپپىسى نېفتنىڭ ئاھايىتى باي مەنبەلىرىنى تېپىپ دولەت بايلىغىنى كوپەيتىشكە مۇناسىپ ھەسسە قوشۇپ كەلمەكتە. ھازىر ئۇلار ئېلىمىزنىڭ شانلىق تويىنى لايىق كۈتۈپ ئېلىش ئۈچۈن ئاۋام خەلقىمىز كەبى قىزغىن ئەمگەك قىلىپ، بۈيۈك ئوكتەبر مەرىكىسگە چوڭ سوغاـ نەچچە مىڭ سوملۇق خىراجەت ئىختىسات قىلماقچى.

سۈرەتتە: ئىلغار نېفتچىلار (ئوڭدىن سولغا) ش. سىمائىلوۋ، ن. مادېنوۋ، ۋ. قۇسائىنوۋ، ۋ. كالىتوۋ، يېسېنوۋ، م. نورۇنباساروۋلار.





قاراغاندا شەھىرى. ئوكتەبرنىڭ 50 ژىللىغى نامىدىكى خاڭدا ئوتكەن بىر ژىل ئوزىدىلا 3 مىللىون 600 مىڭ توننا كومۇر چىقىرىلدى. ئونىنچى بەش ژىللىقنىڭ بىرىنچى ژىلىدا ك. كورپېبايېۋ باشقۇرغان خاڭچىلار ئالاھىدە كوزگە چۈشتى. ئۇلار ۋەتەنگە مەجبۇرىيەتتىن ئاشىقىرى 500 توننا كومۇر بەردى. بۇنىڭ ھەممىسىگە خاڭچىلار ئەمگىگىنى توغرى تەشكىل قىلىش، تېخنىكا ۋاسىتىلىرىدىن، ئاۋتوماتىكادىن كەڭ پايدىلىنىش، شۇنداقلا ئەمگەكنى [illegible] خەتەرسىز ئويۇشتۇرۇش تۈپەيلى ئېرىشىلدى.

سۈرەتتە: ئىلغار خاڭچىلار ت. بايېنوۋ، ر. يانكي ۋە م. تانايېۋلار.

